# ئەگەر ھىلال ئاينى كۆرسەڭلار روزا تۇتۇڭلار، ئەگەر كېيىنكى ھىلال ئاينى كۆرسەڭلار ئېغىز ئېچىڭلار. ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، مولچەرلەپ ئىش قىلىڭلار

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەدىس بايان قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىتىم دەيدۇ: ئەگەر ھىلال ئاينى كۆرسەڭلار روزا تۇتۇڭلار، ئەگەر كېيىنكى ھىلال ئاينى كۆرسەڭلار ئېغىز ئېچىڭلار. ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، مولچەرلەپ ئىش قىلىڭلار

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۈيۈك شەرىئەت ئەھكاملىرى قائىدە پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئىشەنچلىك، كەسكىن بىر ئەھۋال بولمىسا ئۇ قائىدىلەرنى تاشلاشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكى قائىدىنىڭ جۈملىسىدىن، رامىزان ئېيى كىرىشتىن ئىلگىرى شەئبان ئېيىنىڭ بارلىقى ئېنىق بىر ئىش، بۇ ئاينىڭ تۈگىگەنلىكىگە دەلىل يېڭى ئاينىڭ چىقىشى، يېڭى ئاي چىقمىغانىكەن شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرلاشمىغانلىقى بىر ھەقىقەت. يەنە مۇسۇلمانىنىڭ زىممىسى رامىزان روزىسىنىڭ پەرز بولۇشىدىن بىكار بولىدۇ، ما دامىكى رامىزان ئېيى كىرمىگەنلا بولسا، شۇ سەۋەبتىن رامىزىن روزىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن شەئبان ئېيىنى ئوتتۇز قىلىش ياكى رامىزاننىڭ ئېنىق كىرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ھىلال ئېيىنى كۆرۈش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشتا ھىلال ئاينى كۆرۈشنى شەرت قىلىپ بىكىتتى. ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ئاي كۆرۈش مۇمكىن بولمىسا، شەئبان ئېيىنى ئوتتۇز قىلىپ 31- كۈنى رامىزان روزىسىنى باشلاپ تۇتسا بولىدۇ، مەۋجۇت بىر شەيئىنىڭ يوقالغانلىقىغا دەلىل كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا بۇ نەرسە ئىزچىل بار دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. تەيسىرۇل ئەللام 314-بەت، تەنبىھۇل ئەفھام 3- توم 414-بەت، تەئسسۇل ئەھكام 3-توم 212-بەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4549

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee